شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 6 ـ ئاي
15
شەنبە
维吾尔文 6月15日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى 新疆日报

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　24727 ـ سان　بۈگۈن 4 بەت




# شى جىنپىڭ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر باشلىقلىرى كېڭىشىنىڭ 19 ـ قېتىملىق يىغىنىغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى

## «شاڭخەي روھى»دا چىڭ تۇرۇپ، قول تۇتۇشۇپ تېخىمۇ زىچ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنى تەكىتلىدى




6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر باشلىقلىرى كېڭىشىنىڭ 19 ـ قېتىملىق يىغىنى قىرغىزستان پايتەختى بىشكەكتە ئۆتكۈزۈلدى. دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ ھىندىستان زۇڭلىسى مودى، قازاقىستان زۇڭتۇڭى توقايېۋ، قىرغىزستان زۇڭتۇڭى ژېنبېكوۋ، پاكىستان زۇڭلىسى ئىمران خان، رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن، تاجىكىستان زۇڭتۇڭى راخمان، ئۆزبېكىستان زۇڭتۇڭى مىرزىيويېۋ بىلەن بىللە يىغىنغا قاتناشتى. شى جىنپىڭ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى. بۇ، كەڭ دائىرىلىك سۆھبەتتىن كېيىن، يىغىنغا قاتناشقان ھەرقايسى تەرەپلەر چۈشكەن كوللېكتىپ سۈرەت.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى گاۋ جيې فوتوسى




6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ قىرغىزستان پايتەختى بىشكەكتە شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر باشلىقلىرى كېڭىشىنىڭ 19 ـ قېتىملىق يىغىنىغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى ياۋ داۋېي فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بىشكەك، 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىرلار چېن جى، لىيۇچاڭ، خۇاڭيىن جيازى) شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر باشلىقلىرى كېڭىشىنىڭ 19 ـ قېتىملىق يىغىنى 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى قىرغىزستان پايتەختى بىشكەكتە ئۆتكۈزۈلدى. دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ ھىندىستان زۇڭلىسى مودى، قازاقىستان زۇڭتۇڭى توقايېۋ، قىرغىزستان زۇڭتۇڭى ژېنبېكوۋ، پاكىستان زۇڭلىسى ئىمران خان، رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن، تاجىكىستان زۇڭتۇڭى راخمان، ئۆزبېكىستان زۇڭتۇڭى مىرزىيويېۋ بىلەن بىللە يىغىنغا قاتناشتى. شى جىنپىڭ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلىپ مۇنداق تەكىتلىدى: «شاڭخەي روھى»دىن ئەقىل ـ پاراسەت قېزىپ، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقتىن كۈچ ئېلىپ، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنى ئىتتىپاقلىشىش ـ ئۆزئارا ئىشىنىش، ئامانلىق ۋە خەۋپ ـ خەتەرنى ئورتاق زىممىگە ئېلىش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىش، سىغدۇرۇشچان بولۇپ ئۆزئارا ئۆگىنىشنىڭ ئۈلگىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، قول تۇتۇشۇپ تېخىمۇ زىچ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش كېرەك.

شۇ چاغ ۋاقتى چۈشتىن بۇرۇن، شى جىنپىڭ ئالائارچا دۆلەت مېھمانسارىيى يىغىن مەركىزى چوڭ زالىغا يېتىپ كەلگەندە، ژېنبېكوۋنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

ئەزا دۆلەتلەر باشلىقلىرى ئالدى بىلەن كىچىك دائىرىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى، ئارقىدىنلا كۈزەتكۈچى دۆلەتلەردىن ئافغانىستان زۇڭتۇڭى غەنى، بېلارۇسىيە زۇڭتۇڭى لۇكاشېنكو، ئىران زۇڭتۇڭى روھانىي، موڭغۇلىيە دۆلىتىنىڭ زۇڭتۇڭى باتتۇلگا ھەممە مۇناسىۋەتلىك خەلقئارا ۋە رايون تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى كەڭ دائىرىلىك سۆھبەتكە قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدى. ژېنبېكوۋ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىنغا قاتناشقان ھەرقايسى تەرەپلەر شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى چېگداۋ باشلىقلار يىغىنىدىكى نەتىجىلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى مۇزاكىرە قىلدى، ھازىرقى دۇنيانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ئاستىدا شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە ئىستىقبالى ھەم مۇھىم، زور خەلقئارا ۋە رايون مەسىلىلىرىنى چۆرىدەپ پىكىر ئالماشتۇرۇپ، كەڭ دائىرىدە ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدى.

شى جىنپىڭ يىغىندا «قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ ئەمەلىي ئىش قىلىپ سەممىي يولغا قويۇپ شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتايلى» دېگەن تېمىدا مۇھىم سۆز قىلدى. (سۆزىنىڭ تولۇق تېكىستى 2 ـ بەتكە بېرىلدى)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: چېگداۋ باشلىقلار يىغىنىدىن بۇيان، ئەزا دۆلەتلەر «شاڭخەي روھى»نى يېتەكچى قىلىپ، (ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

**باۋيەن سۈرەتتە:** 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر باشلىقلىرى كېڭىشىنىڭ 19 ـ قېتىملىق يىغىنى قىرغىزستان پايتەختى بىشكەكتە ئۆتكۈزۈلدى. دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ ھىندىستان زۇڭلىسى مودى، قازاقىستان زۇڭتۇڭى توقايېۋ، قىرغىزستان زۇڭتۇڭى ژېنبېكوۋ، پاكىستان زۇڭلىسى ئىمران خان، رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن، تاجىكىستان زۇڭتۇڭى راخمان، ئۆزبېكىستان زۇڭتۇڭى مىرزىيويېۋ بىلەن بىللە يىغىنغا قاتناشتى. شى جىنپىڭ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى. بۇ، كىچىك دائىرىلىك سۆھبەتتىن ئىلگىرى، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر باشلىقلىرى كوللېكتىپ چۈشكەن سۈرەت.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى شېي خۇەنچى فوتوسى

# شى جىنپىڭ جۇڭگو ـ رۇسىيە ـ موڭغۇلىيە دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ 5 ـ قېتىملىق ئۇچرىشىشىغا قاتناشتى



6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ بىشكەكتە رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن، موڭغۇلىيە دۆلىتى زۇڭتۇڭى باتتۇلگا بىلەن بىللە جۇڭگو ـ رۇسىيە ـ موڭغۇلىيە ئۈچ دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ 5 ـ قېتىملىق ئۇچرىشىشىنى ئۆتكۈزدى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى ياۋ داۋېي فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بىشكەك، 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىرلار ۋېن شىن، جېڭ شياۋېي) دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى بىشكەكتە رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن، موڭغۇلىيە دۆلىتىنىڭ زۇڭتۇڭى باتتۇلگا بىلەن بىللە جۇڭگو ـ رۇسىيە ـ موڭغۇلىيە ئۈچ دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ 5 ـ قېتىملىق ئۇچرىشىشىنى ئۆتكۈزدى. ئۈچ دۆلەت باشلىقلىرى ئۈچ تەرەپنىڭ ھەمكارلىق نەتىجىلىرىنى خۇلاسىلەپ، ھەمكارلىقنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش ئۇلۇغۋار پىلانى ئۈستىدە ئورتاق كېڭەشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو ـ رۇسىيە ـ موڭغۇلىيە ئۈچ دۆلەت چېگراداش، تاغ ـ دەريالىرى تۇتاش ياخشى قوشنىلار، ئۆزئارا ھەمدەم بولىدىغان ياخشى ھەمراھلاردىن بولۇپ، ئۈچ تەرەپ ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇشتا جۇغراپىيەلىك تەبىئىي ئەۋزەللىك ۋە قويۇق ئەنئەنىۋى جۇغلانمىغا ئىگە. (ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

# شى جىنپىڭ دۈشەنبىگە يېتىپ باردى

## ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشىنىش تەدبىرلىرى يىغىنىنىڭ 5 ـ قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىغا قاتنىشىشقا ھەم تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىدە دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولۇشقا باشلىدى




6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ مەخسۇس ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ دۈشەنبىگە يېتىپ بېرىپ، ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشىنىش تەدبىرلىرى يىغىنىنىڭ 5 ـ قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىغا قاتنىشىشقا ھەم تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىدە دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولۇشقا باشلىدى. شى جىنپىڭ ئايروپىلان بولۇمچىسىدىن چىققاندا، تاجىكىستان زۇڭتۇڭى راخماننىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى شېي خۇەنچى فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، دۈشەنبە، 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىرلار جاڭ جيې، لۇ چۈەنجۇڭ) دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى مەخسۇس ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ دۈشەنبىگە يېتىپ بېرىپ، ئاسىيا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئىشىنىش تەدبىرلىرى يىغىنىنىڭ 5 ـ قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىغا قاتنىشىشقا ھەم تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىدە دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولۇشقا باشلىدى.

شۇ جاي ۋاقتى كەچ سائەت 6لەردە، شى جىنپىڭ ئولتۇرغان مەخسۇس ئايروپىلان دۈشەنبە خەلقئارا ئايروپورتىغا يېتىپ باردى. شى جىنپىڭ ئايروپىلان بولۇمچىسىدىن چىققاندا، تاجىكىستان زۇڭتۇڭى راخماننىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. (ئاخىرى 3 ـ بەتتە)